# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭنىڭ يورۇقلۇق ۋە تەرەققىياتقا قاراپ مېڭىشىغا رەھبەرلىك قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئوتى لاۋۇلداپ كۆيۈپ، جۇڭخۇا مىللىتى ھايات ـ ماماتلىق خەتەرلىك جىددىي پەيتتە قالدى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ دۆلەتنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈلپەتنى يېڭىشكە بىرلىكتە ئاتلاندى، ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ ئائىلە دۆلەت ئېڭى، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى مىسلىسىز يۇقىرى بولدى. شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ئاممىۋى تەشكىلاتلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۇرۇشى چاقىرىقىغا ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە «شىنجاڭ گەرچە چەت چېگرا رايون بولسىمۇ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش بىزنىڭمۇ ئۆزگەرمەس ئىرادىمىز، ھەر ۋاقىت تەييار تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ئورتاق كۈرەش قىلىشقا قەسەم قىلىمىز» دەپ تېلېگرامما يوللاپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرۇش قەتئىي ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلىدى. كوممۇنىستلار يەنە تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىغا ئىئانە توپلاش ھەرىكىتىنى قوزغاپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ياردەم بەردى. «پۇلىمىز بارلار پۇل چىقىرىپ، كۈچىمىز بارلار كۈچ چىقىرىپ، كۆپچىلىك بىرلىشىپ ياپون قاراقچىلىرىنى جۇڭگودىن قوغلاپ چىقىرايلى» قاتارلىق لوزۇنكا، شوئارلار ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىسسىق قېنىنى ئۇرغۇتۇپ، دۈشمەنگە قارشى بىر سەپتە تۇرغۇزدى. 1939 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، شىنجاڭ بارلىق ئىئانە پۇلغا ئون كۆرەشچى ئايروپىلان سېتىۋېلىپ دۆلەتكە ھەدىيە قىلدى، بۇلارغا «شىنجاڭ نامىلىق» دەپ نام بېرىلدى.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنەۋۋەرلىكتىن قوغداش ھەرىكىتىنىڭ چېنىقتۇرۇشى ئارقىلىق، كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەر مىللەت تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي ياشلار ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرنى پائال قانات يايدۇرۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئىدىيەسىنى تەشۋىق قىلدى، ئىنقىلاب چوغلىرى تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا تارالدى، يورۇقلۇق ۋە ئۈمىد قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قەيسەرلىك بىلەن بارا ـ بارا كۆچەيدى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، شىنجاڭ تىنچ ئازاد بولۇپ، قاراڭغۇ، قالاق كونا تۈزۈم ئۈزۈل ـ كېسىل بىكار قىلىنىپ، 1000 يىللاردىن بۇيان ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئېزىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيەگە ئۇچراشتەك ئېچىنىشلىق تەقدىرى تۈپتىن ئۆزگەرتىلدى، ھەر مىللەت خەلق ھەقىقىي تۈردە دۆلەتنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تارىخ ۋە رېئاللىق، سىياسىي ۋە ئىقتىساد، مىللەت ۋە رايون قاتارلىق ئامىللارنى تولۇق ئويلىشىش ئاساسىدا، شىنجاڭدا مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويدى. 1955 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ مىللەت مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بۇ ئۇلۇغ ئىجادىيىتى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇش ئاكتىپلىقىنى يەنىمۇ قوزغاپ، ھەر مىللەت خەلقنىڭ سوتسىيالىزمنى ئورتاق قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغىتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشى، ئورتاق گۈللىنىشى، راۋاجلىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

## ئىلغار مەدەنىيەت خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئۇرغۇتتى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇنقى شىنجاڭ بىر مەدەنىيەت چۆللۈكى ئىدى. دەل جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بۇ چۆللۈكنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلاپ، چەكسىز يېشىللىق ئۇرۇقى چاچتى.

1935 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئەزاسى يۈ شيۇسۇڭ شىنجاڭ شۆيۈەنى (شىنجاڭ داشۆنىڭ ئاساسى)نىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ، «مىللەتنى شەكىل، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى مەزمۇن قىلىش»تىن ئىبارەت مائارىپ فاڭجېنىنى تۈزۈپ، بارلىق ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، شىنجاڭ شۆيۈەندە ماركسىزملىق كىشىلىك ھايات قارىشى بويىچە ئويغىتىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇردى. شىنجاڭ شۆيۈەنى شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى تارقىتىدىغان مۇھىم بازىغا ئايلاندى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 100دىن ئارتۇق كادىرنى شىنجاڭدا ماركسىزم ـ لېنىنىزم ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىشقا ئەۋەتىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ دۇنيانىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى چۈشىنىشى، يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشى، دەۋر ئېقىمىغا يېتىشىۋېلىشىنى بىر خىل مۇمكىنچىلىككە ئايلاندۇردى.

ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، دۆلەت ئىچىدىكى زور تەسىر كۆچكە ئىگە بىر تۈركۈم تەرەققىيپەرۋەر زاتلار ۋە زىيالىيلار ئارقا ـ ئارقىدىن غەربىي قىسمىغا كەلدى. ئۇلار جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە بولۇپ، شىنجاڭدا مىللەتنى ئاساسىي شەكىل قىلغان، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى مەركەز قىلغان، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، فېئوداللىزمغا قارشى تۇرۇشنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. چەت، يىراق شىنجاڭ «جۇڭگونىڭ مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتىكى بىر مۇھىم تايانچ بازىسى» دەپ تەرىپلەندى.

يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ شىنجاڭدا كەڭ تارقىلىشىغا تۈرتكە بولدى. ئەينى چاغدا، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ نادىر كلاسسىك ئەسەرلىرى دىخۇا (ئۈرۈمچىنىڭ ئىلگىرىكى ئاتىلىشى)دىكى كىتابخانىلاردا ئاشكارا سېتىلىپلا قالماي، ھەتتا چەت، يىراقتىكى ئۈچتۇرپان ناھىيەسىدىمۇ نەچچە يۈز پارچە بايقالدى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كونترول قىلىشىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى»دە ماۋ زېدۇڭنىڭ «ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئېلان قىلىنىپ، ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىدىغان، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى تەشۋىق قىلىدىغان تەرەققىيپەرۋەر بازا بولدى؛ شىنجاڭ شۆيۈەننىڭ دەرسخانىسىدا، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە داڭلىق ئالىملار ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قانۇنىيىتىنى بىۋاسىتە سۆزلىدى.

يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قوغداش ئىدىيەسىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدى. «يېڭى ئەسكەرلەر يېڭى»دا ئىنقىلابىي ناخشىلار ئۈنلۈك ئېيتىلدى، ياڭراق ناخشىلار دىخۇا شەھىرىدە تارقىلىپ، ئاممىنىڭ ۋەتەننى سۆيۈش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى؛ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بىلەن تەرەققىيپەرۋەر زاتلار درامىنى شىنجاڭغا ئېلىپ كەلدى، كىنو ئارتىسلىرىدىن جاۋ دەن، شۇ تاۋ قاتارلىقلار ئىجاد قىلىپ ئورۇنلىغان «كۈرەش» نامىلىق ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دراما ئون كۈندىن ئارتۇق قويۇلۇپ، ھەر مەيدان ئويۇن تاماشىبىنلار بىلەن لىق تولدى؛ داڭلىق يازغۇچى ماۋ دۇن پۈتۈن كۈچى بىلەن «4 ـ ماي» ھەرىكىتىدىن بۇيانقى يېڭى مەدەنىيەتنى تارقاتتى، ئۇ سۆزلىگەن «4 ـ ماي ھەرىكىتى — ئۆزىنى تەكشۈرۈش» قاتارلىق ئۈچ قېتىملىق نۇتۇق سادىسىزلىغان تەرەققىيپەرۋەر ياشلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن يول ئېچىش خاراكتېرلىك تۆھپە قوشتى.

يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتى يەنە شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈردى. ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شىنجاڭدىكى جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئىچىدە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 27 كىشى مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ۋە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەردە رەھبەرلىك ۋەزىپىسى ھەم ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالدى، بۇنىڭ ئىچىدە، لىن جىلۇ شىنجاڭ شۆيۈەنىنىڭ ئىلمىي مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇلار ھەر مىللەت مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، بىر قاتار كۆچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىجادىي تۆھپە قوشۇپ، شىنجاڭنىڭ مائارىپ قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولدى.

خەلق ئېتىقادلىق بولسا، دۆلەت قۇدرەت تاپىدۇ، مىللەت ئۈمىدكە تولىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ چوغىنى تارقىتىپ، مەدەنىيلىك، ئىلغارلىققا ئىنتىلىدىغان بارلىق ھەر مىللەت قېرىنداشلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى يورۇتۇپ، ئۇلارنىڭ قۇدرەتلىك مەنىۋى تۈۋرۈككە ئايلىنىپ، شىنجاڭنىڭ پارلاق تەرەققىياتقا قاراپ مېڭىشىغا تۈرتكە بولىدىغان جۇشقۇن كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

## قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ ئالغا ئىلگىرىلىدى

مەنبە چوڭقۇر بولسا، ئېقىن يىراققا بارىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە، ھەممە يېرى قىزىل ئىزنالارغا تولغان شىنجاڭ داشۆنىڭ مەكتەپ قورۇسى ئىچىدە، ھەر مىللەت داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى يۈ شيۇسۇڭ يولى، لىن جىلۇ چوڭ يولى، دۇ جۇڭيۈەن يولى، جاڭ جۇڭشى يولى قاتارلىق كوممۇنىستلار ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يوللاردا مېڭىپ، ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، قىزىل گېنغا ۋارىسلىق قىلىپ، قىزىل ئەنئەنىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كوممۇنىزملىق غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتماقتا.

100 يىلدىن بۇيان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىغا ئويۇلغان قىزىل ئىزنالىرنى ئەسلەپ ئۆتسەك، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى شىنجاڭنىڭ نامرات، قالاق قىياپىتىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتكەنلىكىدە بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئىدىيە، مەدەنىيەت، مائارىپنىڭ كۈچى ئارقىلىق ئاممىنى ئويغىتىپ، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى ئۇرغۇتۇپ، غايە، ئېتىقادى بار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىنقىلابچىلار، قۇرغۇچىلارنى يېتىشتۈرگەنلىكىدە، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرىنى يېتىشتۈرگەنلىكىدە.

دەل جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتنى تارقىتىشى بىلەن ئەينى چاغدىكى شىنجاڭ «دېرىزىنى ئېچىپ دۇنياغا نەزەر سېلىش»قا باشلىدى، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ۋە تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، شىنجاڭ شۆيۈەنىدىن ئىبارەت كونا شەكىلدىكى خۇسۇسىي مەكتەپ ھالىتىدىن تېخى قۇتۇلمىغان بۇ شۆيۈەن ئىلغار ياشلارنى يېتىشتۈرىدىغان كاتتا سارايغا ئۆزگەرتىلدى، نۇرغۇن ياش ئوقۇغۇچىلار بۇنىڭ بىلەن قەتئىي ھالدا ئىنقىلاب يولىغا ماڭدى.

دەل جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجرى شىنجاڭنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنى مىسلىسىز تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى. پەقەت ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى مەزگىلىنىلا مىسالغا ئالساق، 1933 ـ يىلدىن ئىلگىرى، پۈتۈن شىنجاڭدا ئاران 60 نەچچە مەكتەپ، 2000 ئوقۇغۇچى بار ئىدى. ھالبۇكى 1942 ـ يىلىغا كەلگەندە، شىنجاڭدا ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى، جەمئىيەت باشقۇرۇشىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپ 2463كە، ئوقۇغۇچى 271 مىڭ 100گە يېتىپ، شىنجاڭنىڭ ھەر مىللەت ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشى ئۈچۈن ئاساس سالدى.

دەل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى بولغاچقا، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاما ئورتاق غايە ـ ئېتىقاد، قىممەت ئىدىيەسى، ئەخلاق قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئىنقىلابىي مەدەنىيەت، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئىدىيە جەھەتتە، مەنىۋى جەھەتتە زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، «گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇش» ئۈچۈن قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچنى مۇجەسسەملىدى.

ھەممە جاي يېپيېڭى تۈسكە كىردى. يېڭى دەۋرگە كىرگەندە، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ خىزمەت، تۇرمۇش ۋە مەنىۋى دۇنياسىغا سىڭىپ كىرىپ، جەمئىيەت كەيپىياتىنىڭ پائال ياخشىلىنىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ: ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش» شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەقلىي تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، چوڭقۇر ھەم ئۇزاققا داۋاملاشىدىغان ۋەتەننى سۆيۈش، شىنجاڭنى سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئۇلۇغۋار مۇساپىسىدە قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزدا سەۋەبسىز مال قايتۇرۇش ۋەدىسى بەرگەن كارخانا 330غا يېتىپ، تۈرلۈك ماللار سودا سارىيى، چوڭ تىپتىكى تالالا بازىرى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى بازىرى، سۇپەتلىك ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى مەخسۇس سېتىش دۇكىنى قاتارلىق كۆپلىگەن ئىستېمال ساھەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

«سودا سارىيىمىز ‹كۆرسەتمە (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلدۇ)›دىكى تەلەپكە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ‹سەۋەبسىز مال قايتۇرۇشقا ۋەدە بەرگەن ئورۇن› بەلگە تاختىسى، سەۋەبسىز مال قايتۇرۇشقا ئالاقىدار چۈشەندۈرۈشلەرنى ئاشكارا كۆرسىتىپلا قالماي، يەنە مال قايتۇرۇش ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئۇزارتتى. يېقىنقى بىر مەزگىلدە، بىز ھەر كۈنى بەشتىن ئالتىگىچە خېرىدارنىڭ مال قايتۇرۇش، مال ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلدۇق، خېرىدارلار ئىنتايىن رازى بولدى» دېدى شىنجاڭ دوستلۇق (گۇرۇھ) پاي چەكلىك شىركىتى دوستلۇق سودا سارىيى تىجارەت مەركىزىنىڭ دىرېكتورى ما يۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى 12315 ئەرز قىلىش، پاش قىلىش قوماندانلىق مەركىزى ئاممىغا ئېچىۋېتىش كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بەردى. «بىز ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرزىنى بىر تەرەپ قىلىش شەكلىدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىۋاق، نۆۋەتتە ئىستېمال ماجىرالىرىنى توردا ھەل قىلىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، توردا ئىستېمال ماجىرالىرىنى ھەل قىلىش (قىسقارتىلىپ ODR دېيىلىدۇ) سىستېمىسى ئارقىلىق ئىستېمالچىلارنىڭ ئەرزىنى بىر كۆزنەكتىلا تېز سۈرئەتتە ھەل قىلىپ، ئىستېمال ھوقۇقىنى قوغداش ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈردۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى 12315 ئەرز قىلىش، پاش قىلىش قوماندانلىق مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لىن بو. بۇ مەركەز ODR كارخانىلىرىنى قۇرۇش، باشقۇرۇش ۋە قوللىنىشنى پائال ئالغا سىلجىتتى، ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭدا ODR كارخانىسىدىن 289ى تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، 12315 ئالاقە تورى سۇپىسى ئارقىلىق، ئىستېمال ماجىراسىدىن 1100ى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ھەل قىلىنىپ، ئىستېمال ماجىرالىرى تېز سۈرئەتتە مەنبەدىن تۈگىتىلدى.

ئۈرۈمچى شەھىرى مىچۈەن ـ دۇڭسەن رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مىچۈەن ـ دۇڭسەن رايونىنىڭ يۈڭشياڭ كوچىسى تەۋەلىك رايونى خۋاچېڭ مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلراينى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى مەھەللە بىلەن بىرلىشىپ مۇلازىمەت شۆبە ئەترىتى تەشكىللەپ، خۋالىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ئىمپورت ـ ئېكسپورت بازىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ زىيارەت قىلدى. بۇ بازاردىكى بىر دۇكان ئىگىسى رويخەتكە ئالدۇرغان تاۋار ماركىسى باشقىلار تەرىپىدىن گۇمان قىلىنغاچقا ئىشلىتىلمىگەنىدى، ئەگەر بۇنىڭغا تېگىشلىك جاۋاب قايتۇرۇلمىسا تاۋار ماركىسىنىڭ بىكار قىلىنىش ئېھتىمالى بار ئىدى. خىزمەت ئەترىتى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، بۇ دۇكان ئىگىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىشىغا، ۋاستىچى شىركەت بىلەن ئالاقىلىشىپ بۇ ئىشنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. «بىز يەنە 24 سائەتلىك مۇلازىمەت قىزىق لىنىيەسى ئېچىپ، دۇكان ئىگىلىرى ۋە خېرىدارلارنىڭ ماجىرالىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنى تەشۋىق قىلدۇق» دېدى خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى جاڭ يۈنفېي.

ئاپتونوم رايونلۇق بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى شۇ شياۋنىڭ مۇنداق بىلدۈردى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بازارنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش سىستېمىسى پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىشنى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش، ئەمەلىيەتنى كۆزىتىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى ھەقىقىي ھەل قىلىپ، ئەمەلىي ئىش قىلىش ئىقتىدارىنى تاۋلاپ، ئەمەلىي ھەرىكەتتە ئارقىلىق پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا سوۋغا تەقدىم قىلىدۇ.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىناۋەتلىك قەرز پۇلنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى تېخىمۇ تۆۋەن، بېجىرىش تەرتىپى تېخىمۇ قولايلىق، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مۇددىتى تېخىمۇ ئۇزاق بولۇپ، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇلغا بولغان ئېھتىياجى جىددىي بولۇش، سوممىسى ئاز بولۇش، ئوبوروت تەلىپى تېز بولۇش ئېھتىياجى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئېلېكترونلۇق باج ئىدارىسىگە تايىنىپ، «بانكا بىلەن باج ھەمتۈرتكە بولۇش» چوڭ سانلىق مەلۇمات ئەقلىي ئىقتىدارلىق سۇپىسى قۇرۇلۇپ، «بانكا بىلەن باج ھەمتۈرتكە بولۇش»نىڭ قاپلاش دائىرىسى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، كىچىك، ئۈششاق كارخانىلارنىڭ قەرز پۇل ئېلىش نىسبىتى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى.

بانكا، باج ئۇچۇرلىرىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش يەنە تور سىرتىدىن تورغا يۆتكىلىپ، قەرز پۇل ئىلتىماس قىلىش، باھالاش، ئىناۋەت بېرىشتىن قەرز پۇل بېرىشكىچە، توردا «بىر كۆزنەك»تە بېجىرىلىپ، مەنپەئەتلىنىدىغان كارخانىلار باج تاپشۇرۇش ئىناۋىتى A دەرىجىلىك كارخانىلاردىن M دەرىجىلىك كارخانىلارغىچە كېڭەيتىلدى، قەرز پۇلنى ئىلتىماس قىلىشتىن ھېساباتقا كىرگۈزۈشكىچە كېتىدىغان ۋاقىت ئەسلىدىكى ئوتتۇرىچە يەتتە خىزمەت كۈنىدىن ئەڭ قىسقا بولغاندا ئون مىنۇت ئىچىدە بېجىرىپ بولۇشقا تېزلىتىلىپ، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھېساباتقا كىرىش ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشتى. كىچىك، ئۈششاق كارخانىلار ياخشى بولغان باج تاپشۇرۇش ئىناۋەت خاتىرىسىگە تايىنىپ، ئىشكىتىن چىقمايلا توردا قەرز ئېلىش ئىلتىماسىنى تولدۇرۇپ، ئەڭ تېز بولغاندا ئون مىنۇت ئىچىدە، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا 5 مىليون يۈەن قەرز پۇل سوممىسىغا ئېرىشەلەيدىغان بولدى.

نۆۋەتتە، «بانكا بىلەن باج ھەمتۈرتكە بولۇش» بويىچە ھەمكارلاشقان بانكىلار «ياخشى باج قەرز پۇلى» « بۇلۇت باج قەرز پۇلى» «كىچىك، ئۈششاق E قەرز پۇلى» قاتارلىق كۆپ خىل قەرز پۇل مەھسۇلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان بولۇپ، ئوخشاش تۈردىكى كىرىېدىت قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتى ئاساسىدا، قەرز پۇل ئۆسۈم نىسبىتىنى تۆۋەنلىتىپ، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش مۇددىتىنى ئۇزارتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئېقىم ھاۋارايىنىڭ چارۋىلارنى ئوتلاقتا كۆچۈرۈش، تۆل ئېلىش، قوزىلارنى پەرۋىش قىلىش خىزمىتى ۋە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىغا پايدىسىز تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ئىدارىسى ئالتاي ۋىلايىتى، سانجى خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق جايلارنىڭ ئوتلاق كۆچۈش ۋاقتىنى كېچىكتۈرۈشكە ۋاقتىدا يېتەكچىلىك قىلىپ، ھاۋارايى ئەھۋالىغا ئاساسەن مۇۋاپىق پەيتتە ئوتلاق كۆچۈشكە تەشكىللىدى. ھازىرغىچە، سوغۇق ئېقىم ھاۋارايى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ ئەتىيازلىق چارۋىلارنى ئوتلاقتا كۆچۈرۈش ۋە تۆل ئېلىش، قوزىلارنى پەرۋىش قىلىش خىزمىتىگە ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىدى، ئاپەت سەۋەبىدىن چارۋىلارنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ۋاقتىنچە دوكلات تاپشۇرۇۋېلىنمىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق ئىدارىسى جايلاردىكى چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق تارماقلىرىنىڭ ھاۋارايى تارماقلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىشنى كۈچەيتىپ، ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇچۇرلىرىنى ھەرقايسى چارۋىچىلىق نۇقتىلىرىغىچە ۋاقتىدا ئېلان قىلىپ، چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلارنى قىشلاقتىن چىقىرىش، يەم ـ خەشەك تولۇقلاش ۋە پادىلارنى باشقۇرۇش خىزمىتىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ياخشى ئىشلىشىگە يېتەكچىلىك قىلىپ، ئاپەت خەۋپ ـ خەتىرىدىن ئىمكانقەدەر ساقلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئوتلاق كۆچۈرۈش ۋە تۆل ئېلىش، قوزىلارنى پەرۋىش قىلىش تەييارلىق خىزمىتىنى ۋاقتىدا ئىشلەپ، نۇقتىلىق رايونلارغا بېرىپ ھەيدەكچىلىك قىلىشقا مەخسۇس خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، تېخنىكلارنى تۆل ئېلىش نۇقتىلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈشكە ئورۇنلاشتۇردى، تېخنىك خادىملار تەۋەلىككە ئايرىپ ھۆددىگە ئېلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا يېتەكچىلىك قىلدى. ھازىرغىچە، يېڭىدىن سېلىنغان ۋە رېمونت قىلىنغان ئىسسىق قوتان 968گە، ئېلىنغان تۆل 9 مىليون 250 مىڭغا يەتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق چارۋىچىلىق ـ مال دوختۇرلۇق سىستېمىسىدىكىلەر يەنە ئوتلاق كۆچۈرۈشكە جىددىي ئېھتىياجلىق يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ يۆتكەشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق ئوتلاق كۆچۈرۈش چارۋا يوللىرى بويىدا يەم ـ خەشەك بىلەن تەمىنلەش نۇقتىلىرىنى تەسىس قىلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن شىنجاڭدا چارۋىلارنى ئوتلاققا كۆچۈرۈشكە جىددىي ئېھتىياجلىق ئوت ـ چۆپ بىلەن تەمىنلەش نۇقتىسىدىن سەككىزى تەسىس قىلىنىپ، ئوتلاق كۆچۈرۈشكە جىددىي ئېھتىياجلىق 10 مىڭ 600 توننا يەم ـ خەشەك، ئوت ـ چۆپ زاپاس ساقلاندى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇگيۇەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن